# 255557 - قۇربانلىق قىلىدىغان كىشىنىڭ توي زىياپىتى بېرىدىغان كىشى بىلەن شېرىكلىشىشى ۋە توي زىياپىتىدا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم توغرىسىدا

## سوئال

تۇغقانلىرىمىز قۇربان ھېيتنىڭ ئىككىنچى كۈنى توي زىياپىتى بېرىش مەقسىتىدە بىر كالا ئۆلتۈرمەكچى، بىز سۈننەت بولغان قۇربانلىقنى مەقسەت قىلىپ ئۇلارغا شېرىك بولساق، قۇربانلىقىمىز ئادا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## ئىنچام جاۋاپ

شۇنىڭ

ئۈچۈن، سىز

قۇربانلىق نىيىتى بىلەن كاللىنىڭ

يەتتىدىن بىرىگە تۇققانلىرىڭىز

بىلەن شېرىك بولىسىڭىز بولىدۇ،

ئۇنىڭدىن ئاز بولۇپ

قالسا توغرا بولمايدۇ، باشقىلار قالغان گۆشنى ئۆزى

خالىغانچە تويغا زىياپىتى ياكى باشقا ئىشلارغا

ئىشلەتسە بولىدۇ.

دىققەت

قىلىنىدىغىنى: قۇربانلىق

قىلىنىدىغان كالا ئىككى ياشتىن كىچىك بولۇپ قالماسلىقى

كېرەك، ئۇنىڭدىن

كىچىك بولسا،

گەرچە ئۇ گۆشى كۆپ

بولسىمۇ قۇربانلىقتا

يارىمايدۇ.

(41899)- نومۇرلۇق سوئالنىڭ

جاۋابىغا قارالسۇن.

ئاللاھ

تائالا ھەممدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق
گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى
بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى
ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەتۋە
سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى:

توي
زىياپىتى مېھمانلارغا ھەر قانداق يېمەكلىكنى بېرىش بىلەن
ھاسىل بولىدۇ،
ھەتتا ئارپا بولسىمۇ بولىدۇ.

”پىقھى
تويپلاملىرى”45-توم،250-بەتتە مۇنداق
دېيىلگەن: ھەنەپى، مالىكى،شافىئى ۋە ھەنبەلى
مەزھىپىدىكى پىقھى ئۆلىمالىرى:توي زىياپىتىنىڭ تۆۋەن
ئۆلچىمى يوق،ھەر
قانداق يېمەكلىك بەرسە سۈننەت ھاسىل بولىدۇ، گەرچە
ئىككىمۇدئارپا
بولسىمۇ بولىدۇ- دېگەنقاراشنىتۇتقان،چۈنكى
سەھىھ
ھەدىستە:**«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام
بەزى ئاياللىرىنىڭ توي زىياپىتىنىئىككىمۇدئارپا بىلەن ئۆتكۈزگەن»** دەپ كەلگەن.

قازى
ئىياز رەھمەھۇللاھمۇ ئۆلىمالارنىڭ:توي زىياپىتىنىڭ

تۆۋەن ئۆلچمى يوق، قايسى نەرسە بىلەن توي
زىياپىتى بەرسە سۈننەت ھاسىل بولىدۇ- دېگەن بىرلىك قارشىنى
نەقىل قىلىدۇ.

ئىمام
شافىئى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ئىمكانىيىتىباركىشىئۈچۈنتوي زىياپىتىنىڭ ئەڭ
تۆۋەن ئۆلچىمىبىرقويدۇر،
ئىمكانىيىتى بولمىغان كىشىلەر ئۈچۈن كۈچى يەتكەن
نەرسىلەر بىلەن بولىدۇ، چۈنكىپەيغەمبەرئەلەيھىسسالامئابدۇرەھمان
ئىبنى ئەۋپ رەزىيەللاھۇئەنھۇ توي قىلغان ۋاقىتتا
ئۇنىڭغا :«**بىر قوي ئۆلتۈرۈپ بولسىمۇ توي زىياپىتى
بەرگىن**»دېگەن.

نىشائى
رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېدى:ئەسكەرتىشسۆزىدىنىمەقسەت:
تولۇق زىياپەتنىڭئەڭ تۆۋەن
ئۆلچىمىبىرقويئىكەنلىكىدۇر.ئەگەر
زىياپەت بەرگۈچى باي كىشىتۇرۇپمۇ،ھەر قانداق يېمەكلىك
بىلەن توي زىياپىتى بەرسە بولىۋېرىدۇ، بۇ نىكاھ
ئوقۇلغانداشكەرۋەباشقانەرسىلەردىنھازىرلىنىدىغان
يېمەكلىكۋەئىچىملىكلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ.

ھەنبەلى
ئۆلىمالىرىدىنبىر
بۆلىكى: توي
زىياپىتىنىڭ
بىر قويدىن ئاز بولماسلىقى ياخشى ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان
قىلغان.

زەركىشى
رەھىمەھۇللاھ مۇنداقدېدى:

پەيغەمبەرئەلەيھسسالامنىڭ:«بىر قوي بولسىمۇ
زىياپەت بەرگىن»دېگەن
سۆزىدىكى، "قوي"
دېگەن سۆز ئەڭ ئاز ئۆلچەمنى بىلدۈرىدۇ،
يەنى:
قويدەك ئاز نەرسە بىلەن بولسىمۇ،-دېگەنلىكبولىدۇ.

مىرداۋى
رەھمەھۇللاھ مۇنداق دېدى: يۇقارقىلاردىن توي زىياپىتىنىڭ
قويسىز بولسىمۇ بولىدىغانلىقى بىلىنىدۇ،ھەدىستىن: قويدىن چوڭراق
نەرسە بىلەن زىياپەت بېرىشنىڭ ئەۋلا ئىكەنلىكى
ئىپادىلىنىدۇ،چۈنكى
قوي تۆۋەن ئۆلچەم قىلىندى.

ئىككىنچى:

قۇربانلىققا
تۆگە ياكى كالىنىڭ يەتتىدىن
بىرى يېتىدۇ، بۇنى ئىلگىرى (45757) - نومۇرلۇق سوئالنىڭ
جاۋابىدا بايان قىلدۇق.

ئۈچىنچى:

كالا
ياكى تۆگىدە شېرىك بولغانلارنىڭ بەزىسى قۇربانلىقنى
مەقسەت قىلماستىن،
توي زىياپىتىگەئىشلىتىش
ياكى يېيىش ياكى سېتىش ياكى باشقا مەقسەتلەر
ئۈچۈن گۆشكە شېرىك بولغان بولسىمۇتوغرا بولىدۇ.

ئىمام
نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ "ئەلمەجمۇئ"8-توم،
372-بەتتە مۇنداق دېگەن: "قۇربانلىق ئۈچۈن بىر

تۆگەياكى
بىر كالىدا يەتتە كىشى شېرىك بولسا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى بولسىمۇ، ياكى ئايرىم-ئايرىم كىشىلەر
بولسىمۇ،ياكى
بەزىلەر گۆشىنى مەقسەت قىلسىمۇ توغرا بولىدۇ،بۇشىرىكلىكىيەنە ئاللاھقا يېقىنلىشىشنى
ئويلاپ قۇربانلىق قىلغۇچىغىمۇ بولىدۇ، قۇربانلىقى نەزىر
ئۈچۈن بولسىمۇ ياكى نەپلە بولسىمۇ بولىدۇ،
بۇ بىزنىڭ قارىشىمىز، ئىمام ئەھمەد ۋە باشقا كۆپچىلىك
ئۆلىمالارمۇ مۇشۇنداق دېگەن".

ئىبنى
قۇدامە رەھمەھۇللاھ "ئەل مۇغنى"13-توم،
363-بەتتە:تۆگە
ۋەكالايەتتە
كىشىگە يېتىدۇ،بۇ
كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدۇر،- دېدى. ئۇنىڭدىن
كېيىن بۇنىڭغا
دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ: بۇ ھۆكۈم
ئىسپاتلىنىدىكەن، شېرىك بولغۇچىلار بىر ئائىلىدىن بولسىمۇ
ياكى بولمىسىمۇ،پەرھىز
قۇربانلىق قىلغۇچىلارياكى
نەپلە قۇربانلىق قىلغۇچىلار بولسىمۇ،بەزىلەر
ساۋاپ مەقسەت قىلىپ،
يەنە بەزىلەر گۆشىنى مەقسەت
قىلسىمۇبولىۋىرىدۇ،چۈنكىھەر
بىر كىشىگە ئۆز نېسىۋىسى كۇپايە قىلىدۇ،باشقىلارنىڭ
نىيىتىنىڭ قانداق بولىشى ئۇ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.